

# خوشال تيانشان باغرىدا

# خۇشال تيانشان باغرىدا

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىن - 1958

## مەزمۇنى

قاسىم دېگەن ژىگىت مىڭلىقانىنىڭ ژۇرتىدىشى بولۇپ، ئىككىسى ھېمىشە بىللە قوىي باقىدۇ، شۇنىداقلا كوڭلىمۇ يېقىن. مىڭلىقان ناھايىتى كىچىك پېيىل بولۇپ، قاسىمنىڭ ئەمگەك قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىدۇ، ئىككىسى ئەمگەك جەريانىدا بىر ـ بىرىگە مۇھەببەت باغلايدۇ. كېيىن ھەر ئىككىسىلا «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» بولۇپ سايلانغانىدىن كېيىن، شات ـ خورام يايلاقتا تۇرمۇش قۇرۇدۇ.

1. چارۋىچىلارنىڭ تازا
خوشال بولۇدىغان پە-
سىللىرى كەلدى. تيان-
شان باغرىدىكى تاشتۇلا
يايلىغىدا ئىش قىزىپ
كەتتى. قازاق ۋە قىرغىز
چارۋىچىلىرى قوي-ژىل-
قىلىرىنى ھايداپ كېلىش-
تى. شەرق ۋە جەنۇپ
تەرەپكە ئەللىكتىن ئارتۇق
كىگىز ئۆي تىكىلدى.





2. مىڭلىقانىڭ ئاتا ـ ئا ـ
نىسى گومىندالڭ ئەكسى ـ
يەتچىلىرىنىڭ ئالۋالڭ ـ
ياسىغىدىن قېچىپ ، يەتتە
ژىلغىچە باشقا ژۇرتلاردا
سەرسان بولۇپ ژۇر ـ
گەن ئىدى ، مانا ئەمدى
ئوز ژۇرتىغا يېڭىدىن
مېھمان بولۇپ قايتىپ
كەلدى .



3. قىزلار ناھايىتى چاپ-
سانلا تونۇشۇپ كەتتى،
ھەممە ئادەم خۇددى بىر
تۇققاندەك مېھرىبان بو-
لۇشۇپ قالدى. بۇگۈن
مىڭلىقان كىچىك ۋاختى-
دىكى دوستلىرى بىلەن
سالما تاشلاپ ئوينىدى.



40. مىڭلىقان ئېلىپ كەل-
گەن تاغىل تايغان ناھا-
يىتى تۇيغۇن ئىدى. ئۇ
قۇلىغىنى دىك قىلىپ قىز-
لارنىڭ ئالدىغا ژۈگرەپ
كەلدى- دە، ژىراق ئوت-
لاقىقا قاراپ ھاۋشىغىلى
تۇردى.

.5. ئوتلاق تەرەپتىن كوچمە ژۇلتۇزلاردەك ئىككى قارا نەرسە ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى. مىڭلىقان: «قاراڭلار! بىر بورى بىر تاغ تېكىسىنى قوغلاۋاتىدۇ» — دېدى‌دە، دوستىنىڭ قولىدىكى ئاغامچىنى ئېلىپ سىرتماق ياسىدى ۋە بورى تەرەپكە قاراپ ئات سالدى.



6. خۇددى مىڭلىقان دې-
گەندەكلا ، بىر بۆرى
بىر تاغ تېكىسىنى قوغ-
لاپ كېلىۋاتقان ئىكەن.
ئۇ ، قارىغايلىقتىن ئات
چاپتۇرۇپ چىققان چاغ-
دا ، بۆرى بىلەن تېكە
ئۈركۈپ كېتىپ ھەر تە-
رەپكە قېچىپ كەتتى.





7. چىۋەر مىڭلىمقان
تىكىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ،
بورىگە سالما تاشلىدى.
بۆرى ژىقىلىپ چۈشۈ-
شى بىلەن ئاغامچىنى
كۆچىنىڭ بىرىچە چەك
تارتتى. بۆرى خۇددى
تۈزاققا چۈشۈپ قالغان-
دەك تىپىرلاشقا باشلىدى.



8. تېكە تۈپ-توغرى ئورمانغا قاراپ قاچتى. ئەمما ئۇزۇنغا بارمايلا، ئاللىدىن چىققان تورۇق ئاتلىق ئەزىمەت يىگىت ئۇنى مىگىلقانغا ئوخشاش سالما تاشلاپ تۇتۇۋالدى.

9. شۇ چاغىندا، ٴۇ ياقتىن
ٴاتلىق چىرايلىق قىز چىقـ
تى ، بۇ ياقتىنمۇ ٴاتلىق
ٴەزىمەت ژىگىت چىقتى،
ٴىكىسى يېقىنـلاشتى.
مىڭىلقان : «سىز قىرغىز
ژىگىتى قاسىم ٴەمەسىمۇ؟»
ــدەپ سورىدى. قاسىم:
«ھە! ژۇرەكلىك قىز، مەن
سىزنى تونۇيدىغاندەك
قىلىمەنغۇ!»ــدەپ ۋاقـ
رىدى.



10. ئىككىسى تەڭلا ئات-
تىن چۈشۈپ، ئوتلاقتا
ئولتۇرۇپ مۇڭداشقىلى
باشلىدى. مىڭلىقان ئۇز
ئائىلىسىنىڭ گومىنداڭ-
نىڭ ئالۋىڭىنى بىرەل-
مەي، يەتتى ژىلغىچە
چەتلەردە خانىۋەيران
بولۇپ ژۇرگەنلىگىنى
قايىغا سوزلەپ بەردى.



.11. قاسىمۇ ئۇنىڭدىن ئاي‍ـ
رىلغاندىن كېيىن كورگەن
كـۈنلىرىنى ۋە مـازىـرقـى
تـۇرمۇشىنى سوزلەپ بەردى.
ئۇلار پەقەت قاسىمنىڭ دادىسى
قارغايلىقتىكى يـالغۇز ئاياق
بولـىدىن پادىسىنى هايـداپ
چىقىپ قاسىمنى قايتىپ كېتىشكە
چاقىرغاندىلا ئاندىن ئۇلۇك
بورى بىلەن تـاغ تـىكىسىنى
ئېلىپ قايتىشتى. قاسىم: «خەـ
يىر، ئامان بولـۇڭ، بىزنىڭ
ئاۋۇلىمىز سىزنـەرنىڭكىگە
ئانچە ژىراق ئەمەس، مۇندىن
كېيىن پات ـ پات كورۇشۇپ
تۇرايلى» ــدېدى.



12. شۇندىن باشلاپ،
كىچىگىدىن بىللە ئۆسكەن
قاسىم بىلەن مىگلىقان
قايتا تېپىشتى. قاسىم ھېمى-
شە ئۇنى ئىزدەپ كېلەت-
تى. مىگلىقاننىڭ ئاتا-
ئانىسىمۇ قىزىنىڭ قاسىم
بىلەن بارغانسىرى يېقىن-
لىشىپ قالغانلىقىنى پاي-
قىدى.



13. بۇ ژىل ياز يايلاقتا
ئۇرغۇن يېڭىلىقلار بولـ
دى: مەرىيەمخان ئاپپاقـ
قىنە ئوغۇل تۇغدى. ئۇ،
ئاۋال ئالتى ـ يەتتە بالا
تۇغقان بولسىمۇ، ھەممىـ
سى تۇغۇلغاندىن كېيىن
«قاتلىما» كېسەلگە ئۇچـ
راپ ئۆلۈپ كەتكەن
ئىدى.





14. بۇنۆۋەت مەرىيەم-
خان يېڭىچە تۇغۇت
ئۇسۇلىنى سىناق قىلىش
ئۈچۈن بۇنىدىن يېرىم
ئاي ئىلگىرى يايلاققا
كەلگەن يەتتە خەنزۇ
قىزلىرىنىڭ ياردىمىدە تۇ-
غۇۋالدى. بالىسى يېرىم
ئايلىق بولغاندىلا ناھا-
يىتى سەمرىپ كەتتى.
بۇخۇشاللىقنى تەبرىك-
لەش ۋە خەنزۇ قىزلى-
رىنى ئۇزۇتۇش شەرى-
پىگە ئاتاپ ئوغلاق قىلىپ
بەرمەكچى بولدى.



15. ئەتراپتىن ئىككى
يۈز چە قاۋۇل ئوغلاق-
چىلار ئاتلىق كېلىشتى،
ئۇلار ئوغلاق تاشلانغان
جايغا قاراپ ئات چېپىشتى.



16. دەسلەپتە ئات چاپتۇ-
رۇپ كەلگەن كىشى بەر
دىن ئوغلاقنى ئالدىغا
ئېلىپ ئەمدى قاچاي دېيە-
شىگە، ئارقىدىكىلەر يېتىپ
كېلىپ ئۇۋۇلۇشۇپ ئال-
دى، شۇنىڭ بىلەن ئوغ-
لاق تارتىشىش باشلىنىپ
كەتتى.



17. ئوغلاق بىردەم بىر-
سىنىڭ قولىغا، يەنە بىر-
دەم بىرسىنىڭ قولىغا ئۆ-
تۈپ تۇردى. ئەڭ ئاخىر-
دا قاسىم توپ ئارىسىغا
چاپتۇرۇپ كىرىپ، بوز
ئاتلىق كىشىنىڭ قولىدىن
ئوغلاقنى تارتىپ ئالدى.

18. تاماشا كۆرۈپ ئول-
تۇرغانلار چۇقان سې-
لىپ، چاۋاك چالدى.
مىكلىقاننىڭ دوستى ئۇ-
نىڭ قۇلىغا: «ئالدى-
دىكى ژىگىت سىزنىڭ
سۆيگىنىڭىزمۇ؟»-دەپ
پىچىرلىدى. مىكلىقاننىڭ
يۈزى قىزىرىپ كەتتى.



19. ئوغلاقتىن كېيىن «قىز قوغلاش» باشلاندى . دەسلەپتە قىزلار ئاتنى بولۇشچە قويۇپ بېرىپ ئالدىدا قاچىدۇ ، ژىگىتلەر ئارقىسىدىن قوغلايدۇ . قائىدە بويىچە: قوغلاپ يەتكەن ژىگىت قىزغا مۇھەببىتىنى ئىزهار قىلىدۇ ۋە بېيت ئېيتىشىدۇ .





.20 بەلگىلەنگەن دەرەخ-
نىڭ يېنىغا بارغاندىن
كېيىن، ئارقىغا قاراپ
چاپىدۇ. بۇ چاغدا قىز-
لار يىگىتلەرنى قوغلاي-
دۇ، ئەگەر قىز يىگىتكە
يېتىشىپ ئالسا قائىدە
بويىچە يىگىتنى قامچا
بىلەن ئۇرىدۇ.

.21. قارىماققا قىزلار قام-
چىسىنى ئوينۇتۇپ تۇ-
رۇپ ژىگىتلەرنى قوغلا-
ۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما
ئۇلارنىڭ ھەر بىر جۈپى
يېقىن دوستلاردىن بول-
غاچقا، ھېچقايسىسىنىڭ
سويگىنىنى ئۇرغۇسى
كەلمەيتتى، پەقەت كو-
رۇنۇشكىلا قامچىلىرىنى
پۇلاڭلىتىپ قوياتتى.






22. قاسىموۇ مىڭلىقانىنىڭ
ئالدىغا كېلىپ ئۇنى ئو-
يۇنغا قاتنىشىشقا تەك-
لىپ قىلدى ، ئەمما مىڭ-
لىقان بۇ تەكلىپنى رەت
قىلدى.

23. قاسىم ئۇنىڭدىن كىمنى كۆتۈپ تۇرغانلىقىنى سورىدى. مېڭلىقان كۈلۈمسىرىدى، ئۇزىنى ئېغىر بېسىق تۇتۇشقا تىرىشىمۇ، ئەمما ئىچىدىكى خوشاللىقنى يوشۇرالمىدى. قاسىم: «سىزمېنى بىر ئازمۇ ياخشى كۆرمەمسىز؟» دەپ سورىدى. مېڭلىقان: «سىزنى ياخشى كۆرىمەن، ئەمما مېنىڭ باشقا سۆيگۈنۈم بار» دېدى.



24. قاسىمنىڭ ژۇرۇگى
جىغغىدا قىلىپ كەتتى.
ئۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالال-
ماي: «ئۇ كىشى قەيەر-
دە؟»— دەپ سورىدى.
مىڭلىقان دەرھال سوز-
قېتىپ: «ئۇ كىشىما؟ ئۇ
كىشى ژىراقتىكى بىر
ياپلاقتا تۇرۇدۇ. ئۇ،
يالغۇز ئويۇننىلابىلىپ
قالماي، بەلكى ئىشلەش-
نىمۇ بىلىدۇ»— دېدى.
قاسىمنىڭ دىمى ئىچىگە
چۇشۇپ كەتتى.






25. ئەرتىسى ئەتتىگەندە،
قاسىم، شاكىر بوۋاينىڭ
ئۆيىگە كەلدى. بۇ چاغـ
دا مىسكىلىقان ئانىسى
بىلەن بىر ياققا چىقىپ
كەتكەن ئىدى. شاكىر
بوۋاي ئۇنى ئۆيگە
كىرىپ ئولتۇرۇشقا
تەكلىپ قىلدى.

26. شاكىر بوۋاي قا-
سىمغا چاقچاق قىلىپ:
سەن تايىن مىڭلىمقان
بىلەن تۇرمۇش قۇرۇش
ھەققىدە مەسلىھەتلى-
شىش ئۈچۈن كەلدىڭ-
غۇ دەيمەن، دەپ سو-
رىدى ۋە: «قاسىم، ھې-
لىقى كۆيۈغۇلبولۇش
ئۈچۈن كەلگەن كىشى-
نىڭمۇ ساڭا ئوخشاشلا
روھسى چۈشۈپ كەت-
تى» — دېدى.



27. قاسىمنىڭ شاكىر بو-
ۋايغا چاقچاق قىلغىنىدەك
رەۋىشتىمۇ يوق ئىدى،
شۇڭا ئۇ گەپنى سوز-
مايلا تۈنۈگۈنكى «قىز
قوغلاش» ئويۇنىدا بول-
غان ئەھۋالنى بىر قۇر
سوزلەپ بەردى. شاكىر
بوۋاي بۇ سوزنى ئاڭ-
لاپ ھەيران بولدى، ۋە:
«قىزىمنىڭ ئەھۋالىنى
مەن سەندىنمۇ ياخشى
بىلىمەن، ئۇنىڭ بولەك
سويگىنى يوق!» ــ دېدى.



28. قاسىم ، بوۋاينىڭ سوزىنى ئاڭلاپ يەنە ئىشەنچ قىلالماي كىگىزگە ئولتۇرۇپ ئوتۇگىنىڭ تاپىنىدىكى لايلارنى سۈرتكىلى تۇردى. شاكىربوۋاي قىمىز تورسۇغىنى قوزۇققا ئىلىۋېتىپ: «مېنىڭ بىلىشىمچە، قىزىم ھەممە ئەركەكلەرنىڭ ئىچىدە سېنى ئەڭ ياخشى كورۇدۇ» — دېدى. قاسىم: «ياق، مېنى قىلچە ياخشى كورمەيدىغان بولۇپ قالدى» — دېدى. ئىككىسى مەسىلىنىڭ تېگىگە يەتمەكچى بولدى.



.29 ئىككىسى بىر ـــ بىرسىگە
قارىشىپ ئۇزۇنغىچە جىم
ئولتۇرۇشتى. ئاخىرى بوۋاي
قاقاخلاپ كۈلۈۋېتىپ: «ۋاي!
قايغۇرمىغىن! قىزىم سېنىڭ
كېلىشكەن، قامەتلىك ژىگىت
ئىكەنلىكىڭنىلا ئەمەس، بەلكى
شۇنىڭ بىلەن يەنە ئىشلەمچان
باتۇر ژىگىت ئىكەنلىكىڭنىمۇ
بىلگەن چاغدا ئاندىن ساڭا ـ
ھېچ تارتىنمايلا مۇھەببەت
ئىزھار قىلىدۇ. بۇ، قىزىمنىڭ
ئېھتىياتچانلىقى، بىرئاز سەۋىر
قىل!» ـــ دەپ مەسلىنىڭ تېگىنى
ئېچىپ بەردى.



30. قاسىم ئورنىدىن تۇ-
رۇپ، روھلانغان ۋە
ھاياجانلانغان ھالدا شا-
كىر بوۋاي بىلەن خوش-
لاشتى ۋە بوۋايغا تازا
ياخشى ئەمگەك قىلىد-
غانلىقى ھەققىدە ۋەدە
بەردى. ئاندىن كېيىن ئې-
تىغا مىنىپ تۇرۇپ: «خە-
يىر، شاكىر بوۋا! ھەم-
مىڭىزگە كوپ رەخ-
مەت، قىزىڭىزنىڭ كوڭ-
لىدىكىنى تازا تاپىڭىز»-
دەپلا، چىپىپ كەتتى.





31. قاسىم يەنىلا ئاۋال-
قىدەك مىڭلىغان بىلەن
بىللە قوي باقتى. ئەمما
ئۇ توي ھەققىدە ھەر-
گىز ئېغىز ئاچمىدى.

.32. بىر كۈنى سەھەردە، مىگىلقان ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇۋېتقانىدى قىزكىرىپ كەلدى ۋە كېچە بىر بۆرە كېلىپ بىر چوڭ قوينى يېرىپ يەنە بىر نەچچە قوينى ئاقا قىلىپ قويغانلىقىنى، ئانىسى ئىنقىلاپ ئاشتىمۇ قىلمىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مىگىلقان: «بىز بۆرە يوقۇتۇش ئەترىتى قۇرۇشىمىز كېرەك. خې شۇجى بىزنى بۆرە يوقۇتۇشقا چاقىرغان!» — دېدى.



33. سويۇز ياچېيكىسى-
نىڭ مەجلىسىدە قاسىم
بىلەن مىڭلىقان بورى
يوقۇتۇش ئەترىدى قۇ-
رۇشنى تەكلىپ قىلىۋې-
لدى، ھەممە ئەزالار ماقۇل
كوردى. ئەترەت قۇ-
رۇلغاندىن كېيىن،
ئۇچ-تورت كۇننىڭ ئى-
چىدىلا ياشلاردىن ژى-
گىرمە توققۇزى يېزىل-
لدى. كوپچىلىك تەجى-
ربىلىك نەبى بوۋاينى
ئەترەت باشلىقى قىلىپ
سايلىدى.



34. بۈگۈن قاسىم بىلەن مىڭلىقان رايونىدىكى مەجلىسنى تۈگۈتۈپ، تۆرت دانە يېڭى ئوۋ مىلتىقى ۋە بىر ساندۇق ئوق ئالغاچ كەلدى. ئەترەت ئەزالىرى تولىمۇ خوشال بولۇشۇپ، مىلتىقلارنى تالىشىپ كۆرۈشتى.






35. شۇندىن باشلاپ، بورى
يوقۇتۇش ئەترىتىدىكى
ژىگىت ۋەقىزلار ئاتقا باتۇر-
لارچە مىنىپ ئولەك ئېتىپ،
قارلارنى كېزىپ كەچلەردە
قايتىپ كېلىدىغان بولدى.
بورىنىڭ تېرىسى بويىچە
ھېساپلىغاندا، بىر يېرىم ئاينىڭ
ئىچىدە يەتمىش ئالتى بورى
ئولتۇرۇلۇپتۇ. نەبى بوۋاي:
«مەن بۇرۇن بىر ژىلدىمۇ
مۇنچە جىق بورى ئوۋلاپ
كورمىگەن ئىدىم» — دېدى.



36. هاۋا بارغانچە ئىسـ
سىشقا باشلىدى. پۈتۈن
رايونىدىكى بورى يو-
قۇتۇش ئەتـرەتـلـىرى
بىرنەچچە كۈنلۈك ئوۋ-
غا چىقماقچى بولـدى.
ھەر يايلاقـنىڭ بورى.
يوقۇتۇش ئەترىدى بىر
نەچچە گۇرۇپپىغا ئايرىلـ
دى، كىچىكلىك تورتـ
بەش كۈنـلۈك ئوزۇق
تەيـيارلـىدى ۋەچـاي،
تۇز، مىس چوگۈن ئېلـ
ۋالدى.

37. مىڭلىقان بىلەن قا-
سىم بىر گۇرۇپپىغا ئاي-
رىلدى. ئوۋنىڭ ئاخىرقى
كۈنى ئەتىگەندە مىڭ-
لىقان ئەلك ئاۋال قاسىم-
نى ئوغاتتى، ئۇنىڭغا
ئەرگىشىپ قالغان ژىگىت-
لەرمۇ ئوغاندى.



38. ھېساپلاپ كورسە، ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدە يەتتى بورى ۋە ئىككى تاغ ئىتىنى ئوۋ- لىۋېتىپتۇ. كوپچىلىك بۈگۈن- ئوۋدىن كېيىن ئۈچرۇ شۇ- دىغان جايىنى بەلگىلەپ قويدى ۋە بورىگە ئاتىلىدىغان سالما ئاغامچىسىنى ۋە باشقا ئەسۋاپلارنى رەتلەپقويدى. مىگىلىقان: «بۈگۈن يەنە ئۈچنى ئوۋلىساق بولاتتى»— دېدى. قاسىم: «قانچىنى كور- سەك شۇنچىنى ئولتۇرۇمىز، بىرسىنىمۇ قاچۇرمايمىز» — دېدى.





39. كۆپچىلىك يولغا
چىقتى. ئەمما چۈشكىچە
ماڭسىمۇ بىرەر بۆرى
ئۇچرىمىدى. پەقەت بىر
دۆڭدىن ئارتىلغاندىلا
باللۇرلا بىر مۈڭگۈزد-
دىن ئايرىلغان بىر ياۋا
تىكە ئۇۋۇلاندى.



40. ئالدىدا ماڭغان مۇقا-
تاي بىتاقەت بولۇپ غو-
دۇڭشىدى. مەڭلىقان
«جىم» دەپ پىچىرلىدى.
ھەممەيلەن بىر پارچە قۇ-
رۇق چوپ ئارىسىدىكى
قالدۇق قار ئىچىدە بورى-
نىڭ ئىزىنى كوردى.



41. كوپچىلىك دەرھال
ئىزىغا چۇشۇپ چاپتى.
تەجرىبە بويىچە، يېرىم
چاقىرىمچە يەردىكى ئوڭـ
كۆردە بورى ئۇۋىسى
بار دەپ ھۆكۈم قىلىشتى.

42. كوپچىلىك ئىنچىكىلەپ قارىسا، دوڭنىڭ ئالدىدىكى بىر نەچچە توپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە، سارغايغان چۆپنىڭ ئىچىدە ئىككى ئۆڭكۈر كۆرۈندى. ھەممە ئۇنى بورى ئۆڭكۈرى دەپ پەرەز قىلىشتى. بورىنىڭ قايسى ئۆڭكۈردە ئىكەنلىكىنى سوزلۇشۇپ تۇرغاندا، ئات خۇددى بىر نەرسىدىن چوچۇگەندەك خارىلداپ كىشنەپ كەتتى.





43. دېگەندەك، تۇيۇقـ
سىزلا ئۈچ قېرى بورى
ئىككى ئوڭكۈردىن ئېـ
تىلىپ چىقىپ، ھەر ياقـ
قا قاچتى.

44. قاسىم دەرھال يالغۇز قاچقان بۆرىگە قارىتىپ ئوق ئاتتى، ئەمما تەگمىدى. ئىككىنچى پاينى ئاتقاندىن كېيىن بۆرىنىڭ بىر پۇتى ئاقسىدى، شۇنداقتىمۇ بۆرى ئۈچ پۇتى بىلەن يەنە ئۈچقاندەك قاچتى.






45. قاسىمنىڭ يېنىدىكى
مۇقاتاي: «ئىككىڭلار
ھېلىقى ئىككى بورىنى
قوغلاڭلار، مانى مەن
تۇتۇۋالىمەن» ــ دېدى.
مىڭلىغان بىلەن قاسىم
قاچقان ئىككى بورىنى
قوغلاپ ماڭدى.



46. قاسىم بىلەن مىڭلىـ
قان ئىككى بورىنىڭ ئار-
قىسىدىن قالماي قوغلىـ
دى. ئاتلار بىقىنىغا
تېگكۇدەك ئۈزەڭگىنىڭ
زەربىدىن قۇيۇندەك
چاپتى. بورى قانچە چاپـ
سان ژۇگۇرسىمۇ، ئۇ-
زاپ كېتەلمىدى.



47. قاسىم ئاتلىق ژۈگ-
رەپ كېتىپ بېرىپ مىل-
تىقنى قارىغا ئالماقچى
بولغاندا، تۈيۈقسىزدىن
بىر بورى سولغا، يەنە
بىر بورى ئوڭغا بۆرۈ-
لۈپ قاچتى.




48. قاسىم ئاتنى توختۇ-
تۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلـ-
مەي بىر نەچچە قەدەم
ئىلگىرلەپ كەتتى. ئات
تاخلاپ تۇراتتى، قاسىم
مىڭلىقانغا: «چاپسان بو-
لۇڭ! مېنىڭ مىلتىغىمنى
ئېلىپ ئاۋۇ بۆرىنى قوغ-
لاڭ!» ـــ دەپ مىلتىغىنى
بەردى.



49. مەڭلىقان جاۋاپ
بەرگىچە قاسىم ئېتىنى
چاپتۇرۇپ يەنە بىر بو-
رىنى قوغلاپ كەتتى.
مەڭلىقانمۇ ئېتىنى چاپتۇ-
رۇپ يەنە بىر بورى-
نىڭ كەينىگە چۈشتى.



50. مسٸلىقان خېلىڭ يەر-
گىچە قوغلاپ بېرىپ،
مىلتىغىنى قولىغا ئالدى-
دە، نىشانلاپ ئاتتى ۋە
بىر ئوقتىلا جىنىنىڭ بې-
رىچە قېچىۋاتقان بۆرى-
نى ئېتىپ ئۆلتۈردى.

51. شۇ چاغدا، قاسىم
هېلىقى بورىنى قوغلاپ
تىك تاشنىڭ ئاللىغا كەلـ
گەندە، تۇيۇقسىزدىن
بورى يوقاپ كەتتى.
قاسىم: بورى تايىن
تىك چوقىنىڭ ئوڭ تەـ
رىپىدىكى ئۆڭكۈرنىڭ
ئىچىگە كىرىۋالدى دەپ
ئويلاپ، ئېتىنى ئاستا يېتىـ
لەپ تىك چوقىنىڭ ئارـ
لىغىدىن قىستىلىپ ئۆتتى.



52. تىك چوققىدىن ئۆتـ
كەندىن كېيىن قالايمىقان
ئۆسكەن بىر مۇنچە
دەرەخلىك كۆرۈندى،
ھېلىقى بورى دۆڭنىڭ
ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. ئۇ-
نىڭ قېشىدا يەنە ئىككى
بۆرىسۇ بار ئىكەن.



53. قاسىم ئېتىنى توختاتـ
تى. يېنىدا مىلتىقى بولـ
مىغاشقا، بىر كىشىنىڭ
ئۈچ بۆرىگە تەڭ كېلەلـ
مەيدىغانلىقىنى سەزدى.
ئەتراپقا قاراپ، ھەمرا
لىرىدىن بىرەرسىنىڭ
كېلىپ قېلىشىنى كۈتتى.



54. ئەمما شىلدىرلاپ چىقـ
قان شامالنىڭ ئاۋازىدىن
باشقا ھېچنىمە ئاڭلانمىـ
دى. قاسىم ئىككىلىنىپ
تۇرغاندا ئۈچ بۆرى
ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلدى.





55. قاسىم دەرھال ئېتىنى
يانغا بۇراپ، ئورۇلۇپ
قولىدىكى تاياق بىلەن
بورىنى كۈچىنىڭ بېرى-
چە ئۇردى، بورى دەر-
ھال ئۆزىنى چەتكە ئال-
دى.

56. قاسىمنىڭ تايغى
تەگمىگەندىن كېيىن،
ئالدىدىكى قېرى بو-
رى پۇرسەتتىن پايدى-
لىنىپ، ئۇنىڭغا كەينى
تەرىپىدىن ئېتىلماقچى
بولدى، ئات ئۈركىگىنى-
دىن سەكرەپ ژۈگرۈپ
كەتتى. بورى چىشلىيەل-
مىگەنلىكىگە ئاچچىغلى-
نىپ، چىشلىرىنى غىچىر-
لىتىپ خىقىرىدى.





57. بۆرىلەر ئۇزۇنغىچە
ئەرگىشىپ كەلگەشكە قا-
سىممۇ، ئاتمۇ بىر ئاز
ھېرىپ قالدى. ئۈچ بۆ-
رى ئارقىدىن قىلچە قال-
ماي مېڭىپ كەلدى ۋە
پۇرسەت تاپسىلا قاسىم-
غا ئېتىلماقچى بولۇشتى.



58. قاسىم قولىدىكى تا-
ياقنى توختىماي ھەي-
ۋە قىلىپ ماڭغاشقا، بى-
لىگى بارغانچە ئېغىرلى-
شىپ كەتتى ۋە بىر ئاز
ئەنسىرەشكە باشلىدى.
ئۇ، ئالدىدىكى قار سۇ-
يىدىن ھاسىل بولغان
ئېرىقنى كۆرۈپلا، شۇ
ئېرىقنى بويلاپ چېپىپ
ماڭدى.

59. كۇن بارغانچه قا-
راڭغۇلاشتى، بورىگه
ئوڭايلىق تۇغۇلدى. قا-
سىم ئۇچ بورى بىلەن
قاندالىقمۇ قىلارمەن دەپ
تۇرۇشىغا ژىراقتىن ئات-
لىق بىرسى كېلىپ قال-
دى. يېقىن كەلگەندە
قارىسا مىڭلىقان ئىكەن.



60. قاسىم مىڭلىقان بى-
لەن ھاردۇق سورىشىۋات-
قاندىمۇ، بۆرىدىن كۆ-
زىنى ئۈزمىدى. ئۇ،
بۆرىلەرنىڭ ئىككى خىيال-
دا قالغانلىقىدىن پايدىلى-
نىپ، يېقىنراقتىكى بۆرى-
گە ئەپچىللىك بىلەن
سالما تاشلاپ بوينىدىن
بوغۇۋالدى.





61. قالغان ئىككى بورى بۇنى كۆرۈپ دەرھال قاچتى؛ ئەمما قېچىپ قۇ- تۇلغىچە، مىلتىقانىڭ ئوقى بىلەن ژىقىلدى.



.62 قاسىم مەڭلىقاننىڭ
يېنىغا كەلدى. ئۇ، كۈن
بويى ژۈرۈپ ھېرىپ
كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما،
كۆز ئالدىدىكى سۆيۈم-
لۈك باتۇر قىزنى كۆ-
رۈپ تۈگۈمەس شات-
لىققا تولدى.

63. مىڭلىقان قاسىمنى
ئىزدەپ كەلگەن ئىدى.
ئۇ، قاسىمنىڭ ئۈچ بو-
رى بىلەن باتۇرلارچە
ئېلىشقانلىقىنى كۆرۈپ
چەكسىز خوشال بول-
دى. قىز قاسىمنىڭ ھار-
غانلىقىغا قارىماي، ئۆز-
نى ئۇنىڭ قۇچۇغىغا-
ئاتتى.





64. بۇ ئىككى ياشنىڭ مۇ-
ھەببىتى ئورتاق ئەمگەك
ۋە ئۆز-ئارا ياردەملەر
ئارقىسىدا تېخىمۇ چىڭى-
دى. بەختلىك كۈنلەر
بىلەن بىر ۋاقىتتا باھارمۇ
كېلىپ قالدى. يايلاقتا
قوي قوزۇلىتىش پەسلى
باشلىنىپ كەتتى.

65. مىڭلىقاننىڭ ئائىلىسـ
دىكىلەر كېچىچە ئۇخلـ
ماي ئالدىراشلىق ۋە خو-
شاللىق بىلەن قوزىلارنى
پەرۋىش قىلدى. بىر ئاز-
دىن كېيىن مىڭلىقاننىڭ
ئانىسى قاردەك ئاپپاق
ئىككى قوزىنى قۇچاغ-
لاپ كىگىز ئۆيگە ژۈگ-
رەپ كىردى. قوزىنىڭ
ئانىسىمۇ ئارقىدىن ئەر-
گىشىپ كېلىپ مەرەپ
كەتتى.



66. مەڭلىقان بىرنەم ئاي-
خىچە ئۇزۇگىرەك ئۇخ-
لىيالمىدى، بەزىدە ئۇي-
قۇسى تۇتۇپ كەتكەندە
قوتاننىڭ ئىچىدە مۈگ-
دەپ قالاتتى.



67. مىكلىقانلارنىڭ جەمـ
ئى بىر يۇزئون ساغلىق
قويى بىر يۇز ئون توقـ
قۇز قوزا تۇغدى. بۇلـ
تۇر كۇزدە ساغلىقلىرىـ
نى سۇنئىي نەسىللەنـ
لۇرۇش پۇنكتىغا ئېلىپ
بېرىشكە ئۇنۇمىغان
كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئاتـ
لىسىگە ئارقائارقىدىن
كېلىپ يېڭى تۇغۇلغان
نەسىللىك رامبۇلىيە قوـ
زىلىرىنى كورۇشتى.



68. قوي قوزۇلىتىش كۆنلىرى ئۆتۈپ كەتـ
كەندىن كېيىن، مەيدانـ
دا نەمۇنىچى سايلاش
مەجلىسى بولدى. مەجـ
لىستە نۇرغۇن نەمۇنـ
چىلەر سايلاندى، ئۇـ
لارنىڭ ئىچىدە بوۋايلار
بىلەن مومايلار، ژىگىتـ
لەر بىلەن قىزلارمۇ بار
ئىدى.





69. كوپچىلىك مىڭلى-
قان بىلەن قاسىمنىمۇ نە-
مۇنچى قىلىپ سايلىدى.
ئۇلارنىڭ مەيدىلىرىگە
شەرەپ گۈلى قادالدى.
مەجلىستە ئۇلار كوپچى-
لىككە ئوزلىرىنىڭ نەمۇ-
نىلىك ئىشلىرىنى تونۇش-
تۇردى.

70. كوپچىلىك نەمۇنىچى
مىڭلىقان بىلەن نەمۇنىچى
قاسىمنىڭ بىر جۈپ
دوست ئىكەنلىكىنى ئال-
لىقاچانلا پايقىۋالغان
ئىدى. بۇ چاغ دەل با-
ھار پەسلى بولۇپ، ياي-
لاقتا مەرىكە ئۆتكۈزۈش-
نىڭ ئوبدان پەيتى ئى-
دى. مىڭلىقاننىڭ ئاتا-
ئانىسى بىلەن قاسىمنىڭ
ئاتا-ئانىسى خېلى بال-
دۇرلا كېلىشىپ قويغان
ئىدى.





71. بۈگۈن ئىككىلىسىنىڭ
ئاتىسى بىلەن ئانىسى ۋە
قاسىمنىڭ دادىسى جان-
جىگەر قىزى ھەم ئوغۇل-
لىرىغا نىكاھ گۇۋاھنامىسى
ئېلىش ئۈچۈن رايونغا
ماڭدى.



72. رايونلىكى خىشۇ-
جى قاسىم بىلەن مىڭلى-
قانىڭ كوپچىلىك تەرى-
پىدىن نەمۇنىچىلىككە
سايلانلىغىنى ئاڭلىۋالغان
بىلگەن ئىدى ، ئەمدى
بولسا ئۇلارنىڭ تۇر-
مۇش قۇرۇش ئۈچۈن
كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ،
چەكسىز خوشال بولۇپ
ئۇلارنى مۇبارەكلىدى
ۋە نىكاھ خېتىنى ئۆز قو-
لى بىلەن سۇندى.

73. مڭلقان بلەن قاسم
نكاھ خېتنى ئالدى .
خەتكە چۈشۈرۈلگەن
ماۋجۇشنڭ رەسمگە
بردەم زەڭ قويۇپ قا-
رىدى ۋە كوڭۈللرىدە
چەكسز شاتلىق ھەم
بەخت تۇيغۇسى پەيدا
بولغانلىغنى ھېس
قىلشتى .





74. ئەرتىسى مىڭلىغان
ئۇرپ-ئادەت بويىچە
يېڭى كىيىم كىيىپ، ژى-
گىرمە نەچچە قىز بىلەن
ئاتلىق بېرىپ، ھەممە ئا-
ئىلىگە ئۆزىنىڭ تۇر-
مۇش قۇرغانلىقىنى ئېي-
تىپ ماڭدى.



75. ياﻳﻼقتىكى ھەممە
چارۋىچىلار ئۇلارنىڭ
توي مەرىكىسىگە قاتناش-
تى. ئەتراپ خوشاللىققا
چۆمدى! جاپالىق زامان-
لار مەڭگۈگە يوقال-
دى، ھازىر چارۋىچىلار
بەختلىك ۋە شات-خۇ-
رام دەۋردە ياشاۋاتىدۇ!

بۇ كىتاپ شاڭخەي خەلىق سەنئىتى نەشرىياتى تەرىپىدىن
1958 – يىلى يانۋاردا شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان بىرىنجى نەشرى
ئىككىنجى باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.
本書根据上海美术出版社1958年1月上海第一版第二次印刷版本譯出

كىتاپ نومېرى 345 (4) 1523

خۇشال تيانشان باغرىدا!

ئاۋتورى: لياڭ شۇەجېڭ.

رەسسام: نيەنەنشى.

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
ئادرېس: بېيجىن گوزىجەن 54 — قورا.
بېيجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ
رۇخسەت قەغىزى نومېرى: «ن — 047».
مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە تىزىلدى.
شاڭخەي بىرىنجى زاۋوددا بېسىلدى.
شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

1958 – يىلى ئاۋغۇستتا بىرىنجى قېتىم نەشر قىلىندى.
1958 – يىلى ئاۋغۇستتا شاڭخەيدە بىرىنجى قېتىم بېسىلدى.
فورماتى: 1092×787 1/60 م.م. ھەجمى: 9/30 1 باسما تاۋاق.
تىرازى: 1–5500. باھاسى: 17 پۇڭ.
بىرلەشمە نومېرى: M 8049 ئۇيغۇرچە102.

書號：1523(4)345
欢乐的天山草原
（維吾尔文）
梁学政著
聶南溪画
民族出版社翻譯出版
地址：北京國子監街54號
北京市書刊出版業營業許可證出字第047號
中央民族印刷厂排版
上海印刷一厂印刷
新华書店发行

1958年8月第一版
1958年8月上海第一次印刷
787耗1092耗×1/60　印張 1 9/30
印數：1—5,500冊　定價：一角七分
統一書号：M8049·維102